# مىللىيلىكنىڭ دىندىكى ئورنى

( ئۆرپ - ئادەت ھەققىدە )

ئابدۇلھەكىم ئايدىن

ئۆلىميار ياشلار گۇرۇپپىسى

# مىللىيلىكنىڭ دىندىكى ئورنى

(ئۆرپ- ئادەت ھەققىدە)

(ئايدىن)

## "كىرىش"

ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا مىللىي قائىدە- يوسۇنلار بىلەن دىنىي ئەھكاملار، مىللىي ئۆرپ- ئادەت بىلەن دىنىي قىممەت- قاراشلار ئوتتۇرىسىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، زامانىمىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ئاتموسفېراسى ۋە دىنىي كۈلتۈرىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلىشتىن ئىلگىرى، مىللىي قىممەت- قاراشلار بىلەن دىنىي كۆز- قاراشلار ئارىسىدا تىلغا ئالغۇدەك چوڭ توقۇنۇش يۈز بەرمىگەن، ھەر ئىككى نۇقتا بىر مۇسۇلماندا مۇجەسسەملەنگەن ھالدا ئۇيغۇر مۇسۇلمان كىملىكىنى تەشكىل قىلغان بولغاچقا، ئۆزىمىزگە خاس بولغان، مىللىيلىككە ئىگە، ئۆرپ- ئادىتىمىزگە ئالاقىدار، دىنىمىزدا ئوچۇق تېكىست كەلمىگەن بەزى مەسىلىلەرنى ئايرىم شەرھى قىلىشقا ئېھتىياج چۈشمىگەن، ئالىملىرىمىزمۇ بۇ ھەقتە كەڭرى يولنى تۇتۇپ كەلگەن ئىدى؛ قەشقەر ۋە باشقا جايلاردىكى مەسچىت- خانىقالاردا مىللىيلىككە ئىگە ھەرخىل كۆڭۈل- ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى بېيىتىلغان ئىدى، خۇسۇسەن قەشقەردە قۇربان ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ناغرا - سۇناي ساداسى ئىچىدە ساما ئويناش، مەشرەپلەردە خىلمۇ- خىل دىنىي پرىنسىپلارغا قارشى كەلمەيدىغان ئويۇنلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، جىگەررەڭ چۈمپەردە ئارتقان ئايالالار بىلەن يۈزى ئوچۇق ئاياللارنىڭ ئورتاق ھەق- ھوقۇققا ئىگە بولۇشى، دىنىي قىممەتنى ئاساس قىلغان مىللىي ماقال- تەمسىللىرىمىزنىڭ خەلقىمىز ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئورۇن ئېلىشى، 12 مۇقام تېكىستلىرى ... قاتارلىق بىر قاتار دىن بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، مىللىي تۈس ئالغان ئەھكاملار ئەسىرلەر بويى خەلقىمىز ئارىسىدا مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى.

ئەمما خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، دىنىي ساھەنىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، دىندىن خالىي مىللەتچىلىكنىڭ ئاسترتتىن مەيدانغا چىقىرىلىشى، مىللىي ئۆرپ- ئادەتلىرىمىزنىڭ دىنغا قارشى مەيدانغا قويۇلۇشى، مىللىي خاسلىقىمىز ۋە دىنىي ھاياتىمىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇستەھكەم باغنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىدىن ئىبارەت سىياسىي سۇيقەستلەرنىڭ نەتىجىسىدە، بۈگۈن بىز مىللىي مەدەنىيەت ۋە كۈلتۈرىمىزنىڭ دىنىي ھاياتىمىزغا قانچىلىك دەرىجىدە

تەسىر قىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ چەك - چېگراسى ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە ئويلىنىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىۋاتىمىز.

بىز بۇ ماقالىدە مىللىيلىكنىڭ ئەڭ يارقىن بەلگىسى بولغان ئۆرپ- ئادەتلەرگە دىنىمىزنىڭ قانداق قارايدىغانلىقى، ئۆرپ- ئادەتلەرنىڭ قايسى شەرتلەر ئاستىدا دىنىي ھاياتىمىزغا كىرەلەيدىغانلىقى ھەققىدە بەزى مەسىلىلەرنى تىلغا ئالىمىز ۋە مۇلاھىزە قىلىمىز ( ئىنشائاللاھ ).

ئالدى بىلەن ئۆرپ- ئادەت دېگەن ئاتالغۇ ھەققىدە ئازراق مۇلاھىزە ئېلىپ بارايلى، چۈنكى ئۇقۇملارنىڭ ئېنىق بولۇشى بىزنى تېخىمۇ ئاسان يول بىلەن توغرا نەتىجىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ.

## ئۆرپ - ئادەت دېگەن نېمە ؟

ئۆرپ- ئادەت سۆزى ئەرەپ تىلىدىكى «العرف» تونۇلغان ۋە بىلىنگەن (يەنى كىشى ياكى مىللەت ئىچىدە مەشھۇر بولغان، ئۇنى تونۇتىدىغان )، «العادة» كۆنگەن ۋە قوبۇل قىلىنغان (يەنى شەخس ياكى مىللەت ئادەتلەنگەن ۋە كۆپ سانلىق كىشىلەر قوبۇل قىلىدىغان) ئىش- پائالىيەتلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلىشىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن سۆزلۈك بولۇپ، ئىككىسى بىرلەشكەن ۋاقىتتا ئۆرپ - ئادەت: **«بىر مىللەتنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىسى، دۇچ كەلگەن ئىقلىم ۋە كىلىماتنىڭ تەسىرى ۋە مىللەتنىڭ ياشاش شەكلىنى ئاساس قىلغان ھالدا، شۇ مىللەتكە خاس بولغان، ئۇ مىللەت ئۆزۈندىن بېرى ئادەتلىنىپ كەلگەن ياشاش ئۇسلۇبى، قىممەت- قاراشلىرى ۋە ئىدىلوگىيىسى»** نى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتىدە " ئۆرپ – ئادەت كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر كىشى، تېخىمۇ مۇھىمراقى بىر مىللەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي تۇرمۇشىدىكى تارىختىن بۇيان ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ۋە كۆنسايىن قېلىپلاشقان ئۆلگىلىك ھەرىكىتى ۋە شۇ ھەرىكىتى ھەققىدىكى ئىدىلوگىيىلىك قارىشى، شۇنىڭدەك ئەنئەنىۋى كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى، دىنىي – ئېتىقادى، مەدەنىيەت – سەنئىتى، ئىدىئولوگىيىسى، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تارىخى تەرەپىدىن بەلگىلەنگەن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئورتاق نەتىجىسىدىن ئىبارەت. ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۆرپ – ئادەت ‹‹ بىرەر خەلق ياكى مىللەتكە بىر قەدەر ئورتاق بولغان ۋە شۇ خەلق، مىللەت ئىچىدە ئەۋلادتىن – ئەۋلادقا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى يوسۇن، ئادەت ›› تىن ئىبارەت دەپ تەبىر بېرىلگەن. [1]

[1] ‹‹ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى ›› ، ئاتالمىش شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996– يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 5– توم 802 – بەت.

يۇقارقى تەبىردىن قارىغاندا ئۆرپ-ئادەت پەقەت كىيىم- كېچەك ۋە ياشاش شەكلىنىلا كۆرسەتمەستىن، ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە كىملىكىگە ئالاقىدار كۆپ تەرەپلىملىك ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆچىنى كۆرسىتىدىغان، كۆپ ساھەگە چېتىلىدىغان بىر قەدەر ئاممىباپ مەسىلە بولۇپ قالىدۇ.

ئىسلام دىنىي، مۇسۇلمان ھاياتىنىڭ ياشاش پروگراممىسى ۋە قانۇن- پىرىنسىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىلەر دۇچ كەلگەن ھەربىر مەسىلىگە قارىتا مەلۇم دەرىجىدە قانۇن، پىرىنسىپ بەلگىلەيدۇ. چۈنكى ئىسلام ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانىيەت دۇنياسىنى تەرتىپكە سېلىش، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان، ۋەھىي ئارقىلىق كۈچلەندۈرۈلگەن، ماددىي ھايات بىلەن مەنىۋى قىممەتلەرنى قۇرئان ۋە ھەدىس كۆرسەتملىرى بويىچە ماسلاشتۇرۇشنى نىشان قىلغان ئىلاھىي دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاسمان بىلەن زىمىن، ياراتقۇچى بىلەن يارىتىلغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى توغرا شەكىلدە ئېلىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىنسانلار ھاياتىغا تارازا، ميزان بەلگىلەش ئارقىلىق چەكلىك ئەقىلنىڭ خاتالىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چەكلىك ئىلىم بىلەن چەكسىز ئىلىم ( ئاللاھنىڭ ئىلمى) ئوتتۇرىسىنى ماسلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ ياخشى بولغان ھايات قۇرۇپ چىقىش غايىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەكسىچە بولغان تەقدىردە ئىنسانلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان بولاتتى. چۈنكى ھەر بىر كىشى ، مەيلى قايسى دىن، قايسى تەبقە ۋە رايوندىن بولسۇن ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەپ قارايدۇ ۋە باشقىلارنى خاتاغا نىسبەت بېرىدۇ. ئۆزى خالىغان نەرسىگە ئىبادەت قىلىدۇ، ئۆزى خالىغان پىكىرنى تەشەببۇس قىلىدۇ دە، ناھايىتى كۆپ بەدەل تۆلىنىدۇ. نۇرغۇن ئىنسانلار گۇمراھلىق ئىچىدە ھاياتىنى نابۇت قىلىدۇ.. ئىنسانلار ئارىسىدىكى بۇ خىل **ئۆزىنى قوللاش** فونكسىيىسىگە ئىگە ئىختىلاپنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇلاردىن بىر قەدەر ئۈستۈن بولغان، خاتالاشمايدىغان، مۇتلەق ئىشەنگىلى بولىدىغان بىر كۈچكە ئېھتىياجىمىز بار. بۇ كۈچ دەل ۋەھىي بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن دىنىنىڭ كۈچىدۇر.

دىنىمىزدا ئۆرپ - ئادەتكە قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىلگەن؟ ئۆرپ- ئادەتنىڭ دىنىمىزدىكى ئورنى قايسى؟

**ئىسلام** دىنىمىزدا ئۆرپ- ئادەتنى ئىككى تۈرگە ئايرىغان بولۇپ، توغرا بولغان ئۆرپ - ئادەتنى دىن ئىنكار قىلمايدۇ. ھەتتا ئۆرپ- ئادەت دىنىمىزنىڭ شەرئىي ھۆكۈم ئېلىش مەنبەلىرىدىن بىر مەنبە ھېساپلىنىدۇ. ئىسلام فىقھى مەزھەپلىرىدىن ھەنەپى ۋە مالىكىي مەزھىپىدىكى ئالىملار ئۆرپ- ئادەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئۆرپ-ئادەت ئايەت- ھەدىسلەرنى چۈشىنىش، ئومۇمىي تېكىستلەرنى ئىخچاملاشتۇرۇش، ئىبادەت ، مۇئامىلە، ئىسلام ئائىلە قانۇنى ۋە جازا قانۇنىغا

ئالاقدار خىلمۇ-خىل ئىختىلاپ كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە ھۆكۈم چىقىرىشتا تولىمۇ مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. چۈنكى ئىجتىمائىي ۋە رايون خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شۇ رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، كىشىلىك قىممەت- قاراشلىرى، دۇنيا قاراشلىرى ۋە ئۆرپ- ئادەتلىرىگە مۇئەييەن ئېتىبار بېرىلمىگەندە مەسىلە تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ.

## ئۆرپ-ئادەت ئادەتكە ئەمەل قىلىشنىڭ دەلىللىرى

ئاللاھتائالا قۇرئان كەرىمدە، بىر قانچە ئورۇندا «المعروف» سۆزىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، تەپسىرشۇناسلار ( ھەممە ئورتاق قۇبۇل قىلغان ئۆرپ- ئادەت ) دەپ تەپسىر قىلغان ئۇ ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

ئاللاھتائالا قۇرئان كەرىمدە بالىلارنىڭ بېقىش ھەققىنى بەلگىلەشتە مۇنداق دېگەن: [ وَعَلَى الْمَوْلُودِ لَهُ رِزْقُهُنَّ وَكِسْوَتُهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ ] «ئاتىلار ئانىلارنى شەرىئەت بويىچە يېمەك — ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك.» (بەقەرە سۈرىسى 233. ئايەت) بۇ يەردىكى مەئرۇفتىن مەقسەت؛ شۇ رايون كىشىلىرى بالىلارنىڭ چىقىملىرىنى بەلگىلەشتە ئاساسلانغان ۋە ئادەتلەنگەن ۋە قۇبۇل قىلىۋاتقان، شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئادەتنى كۆرسىتىدۇ.

يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھتائالا مۇنداق دېگەن: [ وَلِلْمُطَلَّقَاتِ مَتَاعٌ بِالْمَعْرُوفِ حَقًّا عَلَى الْمُتَّقِينَ ]« تالاق قىلىنغان ئاياللارغا قائىدە بويىچە نەپىقە بېرىش لازىم. بۇ تەقۋادارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر. (بەقەرە سۈرىسى 241 – ئايەت) ئايال كىشى بىلەن نىكاھ ئالاقىسى ئۈزۈلگەندىن كېيىن تەسەللىي بېرىش مەقسىتىدە بېرىلىدىغان بۇ ھەقمۇ شەرىئەتكە ئۇيغۇن قائىدە، ئۆرپ- ئادەت بويىچە بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئالىملار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلمىگەن.

نىسا سۈرىسىدە مۇنداق دېگەن: [ وَمَنْ كَانَ فَقِيرًا فَلْيَأْكُلْ بِالْمَعْرُوفِ ] « (يېتىمگە ۋەسىي بولغانلاردىن) كىمكى باي ئىكەن، ئۇ يېتىمنىڭ مال - مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى تارتسۇن، كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىگە يارىشا) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن. » (نىسا سۈرىسى 6 – ئايەت) بۇ ئايەتتىكى مۇۋاپىقلىق شۇ رايوندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپى بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

يۇقارقى ئايەتلەردە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئۆرپ –ئادەت ئاساس قىلىنغانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز،

ھەدىسلەردىمۇ ئۆرپ- ئادەتلەرگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن بولۇپ، مۇئامىلە بابىدا كەڭرى ئىشلىتىلگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى ھىند بىنتى ئۇتبە پەيغەمبىرىمىزگە : ئي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ! ئەبۇ سۇفيان بىرئاز بېخىل ئادەم، ماڭا مېنىڭ ۋە بالىلىرىمنىڭ ئېھتىياجىغا يەتكۇدەك مال بەرمەيدۇ، ئەمما مەن بىلدۇرمەي ئالىمەن، ئۇ بىلمەيدۇ. دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۆرپ بويىچە ئۆزىڭىز ۋە بالىڭىزغا يەتكۇدەك ئالسىڭىز بولىدۇ. دەپ جاۋاپ بەرگەن.[1]

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىسلام قانۇنىدا ئاياللارنىڭ تويلۇق مىقدارىنى بەلگىلەش ( مهر المثل)، سودا- سېتىقلاردىكى مال قايتۇرۇش ھوقۇقى ( خيار الشرط)، ئوچۇق تېكىست بايان قىلىنمىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئاساس قىلىنغان (المصلحة المرسلة) قاتارلىق قانۇن ۋە قانۇن چىقىرىش پىرىنسىپلىرىدا ئۆرپ- ئادەتكە ناھايىتى يۇقىرى ئورۇن بېرىلگەن.

## ئۆرپ- ئادەتنىڭ شەرتلىرى

ئىسلام دىنىي ئۆرپ- ئادەتنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ۋە ئېتىبارغا ئېلىنىشى ئۈچۈن بەزى شەرتلەرنى قويغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئۆرپ- ئادەت شەرىئەتنىڭ ئوچۇق تېكىستلىرىغا قارشى بولماسلىقى كېرەك.

قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئاساسىي قانۇنىمىز ۋە دىنىي دەستۇرىمىز بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇسۇلمانلىقىمىزنىڭ بىرىنچى ئۆلچىمى ھېساپلىنىدۇ. مەيلى قايسى مىللەت ۋە ئېرققا تەۋە بولسۇن شەرىئىتىمىزنىڭ ئوچۇق تېكىستلىرىگە قارشى ھەرقانداق ئۆرپلەشكەن ئىش - ھەركەت مۇتلەق رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى بىز ئىسلامغا تولۇق كىرگەن ۋاقتىمىزدا، دىنىمىزنىڭ بارلىق ئوچۇق تېكىستلىرىگە قارشى پىكىرلەرنى ئىنكار قىلغان ۋە قوبۇل قىلمايدىغانلىقىمىزغا ئىمزا قويغان بولىمىز. مەسىلەن: بىر مىللەتتە قىمار ئويناش ئۆرپ- ئادەتكە ئايلانغان بولسا دىنىمىزنىڭ قىمارنى ھارام قىلىشتىن ئىبارەت ئوچۇق تېكىستلىرىگە قارشى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئۆرپ- ئادەت رەت قىلىنىدۇ. بىر مىللەتتە زىنا- پاھىشە ئەسىرلەر بويى ھەممە ئورتاق قوبۇل قىلغان ئۆرپكە، توغرا چۈشىنىدىغان ئىدىئولوگىيەگە ئايلانغان بولسىمۇ، دىنىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا زىت بولغانلىقى ئۈچۈن مۇتلەق رەت قىلىنىدۇ.

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

2. ئۆرپ - ئادەت يامانلىققا ۋە گۇناھقا سەۋەپ بولىدىغان ياكى چاقىرىدىغان بولماسلىقى كېرەك.

دىنىمىزنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن بىرى بولغان ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ كىشىلىك ھايات ئۆلچىمىدە بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈر قىممەت قاراش ھېسابلىنىدۇ. ئۆرپ- ئادەتكە ئايلانغان بىر پائالىيەت ئەگەر بۇ پرىنسىپقا قارشى كەلگەن بولسا رەت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: بەزى رۇخسەت قىلىنغان ئويۇنلار، كۆڭۈل- ئېچىش پائالىيەتلىرى، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى، غەيرىي رەسمىي يىغىلىشلاردا نامەھرەملەرنىڭ ئارىلىشىشى، ھارام ئەمەللەرنىڭ قىلىنىشى ياكى تەشۋىق قىلىنىشى... قاتارلىق چەكلەنگەن قىلمىشلار يۈز بېرىپ قالسا ياكى **دىنىي كىملىك مىللىيلىك دېگەن نام بىلەن سۇيىئىستېمال قىلىنسا** مۇتلەق چەكلىنىدۇ.

3. ئۆرپ- ئادەت دىنىنىڭ ئاساسىي مەقسەتلىرىگە ئۇيغۇن بولىشى كېرەك.

دىنىمىز، ئۆلىمالارنىڭ ئىجتىھادى ۋە يىغما خۇلاسە قىلىشى نەتىجىسىدە بەش ئاساسىي پرىنسىپ بويىچە ھۆكۈم بايان قىلغان بولۇپ، بۇلار دىنىنىڭ ئۇلىنى تەشكىل قىلىدۇ ۋە ئوچۇق تېكىست بولمىغان مەسىلىلەردە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

1. دىنىنى قوغداش
2. جاننى قوغداش
3. ئەقلنى قوغداش
4. مالنى قوغداش
5. يۈز- ئابرۇينى قوغداش

يۇقارقى شەرىئەتنىڭ بەش ئاساسىي مەقسىتىگە خىلاپ بولغان ئۆرپ- ئادەتلەر چەكلىنىدۇ، ئۇ مەقسەتلەرنى قوللايدىغان، كۈچلەندۈرىدىغان ھەرىكەتلەرگە رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئالايلۇق يۇنانلارنىڭ گىلادىياتورلارنى تاكى ئىككى تەرەپنىڭ بىرى يەنە بىرىنى ئۆلتۈرگىچە ئېلىشىش مۇسابىقىسىگە كىرگۈزۈشى، گەرچە يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى ۋە خەلقىنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرىدىن بولسىمۇ، ئىسلامىي نۇقتىدىن رەت قىلىنىدۇ. تاماكا چېكىش گەرچە ئوچۇق تېكىست بىلەن ھارام قىلىنمىغان

بولسمۇ، ئىنساننىڭ ھاياتىغا خەۋپ ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن دىنىمىزنىڭ جاننى قوغداشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەتلىرىدىن بىرىگە خىلاپ دەپ قارىلىپ چەكلىنىدۇ.

( ئۆرپ- ئادەتلىرىمىز شـۇ قەدەر گۈزەل بولۇپ، ئارىسـدىن بۇ كاتېگورىيەگە نەخ چۈشـىدىغان مىسـال تاپالمىدىم، ئۇيغۇرلار ئىچىدە مۇشـۇنىڭغا ئوخشـاش شـەكىلدە مىللىيلەشكەن، ئۆرپ- ئادەتكە ئايلانغان ھەرىكەت بولۇپ قالسا چەكلىنىدۇ.)

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، دىنىمىز مىللىي ئۆرپ- ئادەتنى ئىنكار قىلمايدۇ، بەلكى قوللايدۇ ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆز خاسلىقى بىلەن دىنغا ئەگىشىش ھوقۇقىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. بۇ دىن ئەرەپنىڭ ياكى ئەجەمنىڭ دىنى ئەمەس، بەلكى خەلقۇ- خىل كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەتلەرنى قوغدايدىغان، ھىمايە قىلىدىغان، ناھايىتى كەڭرى ئاتموسفىراغا ئىگە، مىللەتلەرنى ئاسسىملاتسىيە قىلمايدىغان، بەلكى مىللىيلىكنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئەگىشىشكە بۇيرىغان، ھەر زامان ۋە ماكانغا ماس ھۆكۈم بېرىدىغان ھەقىقىي ھەق دىندۇر. بىزنى بۇ دىننىڭ مەنسۇپلىرىدىن قىلغان ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھتائالاغا چەكسىز ھەمدۇ- سانالار بولسۇن. ئامىن.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1. ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى
2. ئۆرپ ئادەت ۋە ئۆرپ- ئادەت مائارىپى " قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى
3. العرف عند الأصوليين وأثره في الأحكام الشرعية" مصطفى محمد رشدي